13 ـ قىسىم

# پەرىشتە

# ئىسلام دىنىدىكى پەرىشتە

## پەرىشتە بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى

- ئاللا پەقەت ھەقىقەت ئۈچۈنلا پەرىشتىلەرنى زېمىنغا چۈشۈرىدۇ. (قۇرئان 15:8)
- ئاللا ھەممە مەۋجۇداتنى پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ نامىنى دەپ بېرىشنى سورايدۇ. (قۇرئان 2:31)
- ئاللا پەرىشتىلەرنى ئۆزى ياقتۇرغان كىشىلەرگە ئەۋەتىدۇ. (قۇرئان 16:2)
- پەرىشتىلەر ئەسلى ئاللانىڭ قۇللىرى ئىدى. (قۇرئان 43:19)
- پەرىشتىلەر قورقۇنچلىقى ئۈچۈن ئاللانى مەدھىيىلەيدۇ. (قۇرئان 13:13)
- پەرىشتىلەر ئاللانىڭ يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 42:5)

## پەرىشتە بىلەن پەيغەمبەرنىڭ مۇناسىۋىتى

- پەرىشتىلەر پەيغەمبەرگە بەخت تىلەيدۇ. (قۇرئان 33:56)
- ئاللا پەرىشتىلەرنى ئادەم ئاتىغا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. پەرىشتىلەر شۇنداق قىلىدۇ. پەقەت شەيتانلا رەت قىلىدۇ. (قۇرئان 2:34 ، 7:11 ، 15:28ـ31 ، 17:61 ، 18:52 ، 20:116 ، 38:71ـ74 )

## پەرىشتە بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتى

- پەرىشتىلەر مۆمىنلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، ئاللانىڭ ئۇلارنى قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇپ، يورۇقلۇققا ئەپچىقىشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 33:43)
- «مېنىڭ ئىگەم ئاللادۇر» دېگۈچىلەر، ھەم ئېتىقاتىدا چىڭ تۇرغانلارغا، پەرىشتىلەر جەننەتنىڭ ياخشى خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى قوغدايدۇ. (قۇرئان 30،31:41)
- مۇسۇلمانلار ئۇرۇشتا ئاللادىن ياردەم تىلىگەندە، ئاللا ئۇلارغا مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرمەكچى بولغان. (قۇرئان 8:9)

## پەرىشتە بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

- پەرىشتە قامچا بىلەن كاپىرلارنىڭ يۈزىگە ۋە دۈمبىسىگە ئۆلگۈچە ئۇرىدۇ. (قۇرئان 8:50)

● كاپىرلار پەرىشتىلەرنى ئاياللار دەپ قارايدۇ، ئۇلارنى ئايالLارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتايدۇ. (قۇرئان 43:19 ، 53:27)

## پەرىشتىلەرنىڭ خۇش خەۋەر يەتكۈزىشى

● پەرىشتە مەسىھ ئەيسانىڭ تۇغۇلىشى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى مەريەمگە يەتكۈزىدۇ. (قۇرئان 45-3:42)

● پەرىشتە يەھيا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى زاكارىياغا يەتكۈزىدۇ. (قۇرئان 3:39)

## قىيامەت كۈنىدىكى پەرىشتىلەر

● ئاللا پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بۇلۇتلار ئىچىدە يەر يۈزىگە چۈشۈپ، ئىنسانلارنى سوراق قىلىدۇ. (قۇرئان 2:210)

● ئۇ كۈنى ئاسمان ۋە بولۇتلار يېرىلىدۇ، پەرىشتىلەر ھەيۋەت بىلەن يەر يۈزىگە چۈشىدۇ. (قۇرئان 25:25)

● ئاللانىڭ تەختىنى كۆتىرۋاتقان ۋە تۆت ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان پەرىشتىلەر، ئاللانى مەدھىيىلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 39:75 ، 40:7)

● پەرىشتىلەر ۋە روھىلقۇددۇس بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە ئاللانىڭ دەرگاھىغا كۆتىرىلىدۇ. ئۇ بىر كۈنىنىڭ ئۇزۇنلىقى 50 مىڭ يىلغا تەڭ. (قۇرئان 70:4)

● يەر قايتا-قايتا قاتتىق تەۋرىگەندە، ئاللا قاتار-قاتار تىزىلغان پەرىشتىلەر بىلەن يەرگە چۈشىدۇ. ئۇ كۈنى دوزاق ئېلىپ كېلىنىدۇ. (قۇرئان 23-89:21)

● ئاسماندا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بار، ئۇلارنىڭ يالۋۇرۇشلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما ئاللا روھسەت قىلغان ۋە خالىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. (قۇرئان 53:26)

● ئاللا پەرىشتىلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، ئىلگىرى ئاللاغا ئىبادەت قىلغانلارنى دوزاقتىن ئېلىپ چىقىڭلار دەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:806)

● ئاللاغا، قىيامەتكە، پەرىشتىلەرگە، مۇقەددەس كىتاپلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش كېرەك. (قۇرئان 2:177.285)

● پەرىشتىلەر قۇرئانىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (قۇرئان 4:166)

● قەدىر ئېيى مىڭ ئايدىنمۇ ئەۋزەلدۇر، پەرىشتىلەر ۋە رۇھىلقۇددۇس ئاللانىڭ بويرۇقى بىلەن، ھەرخىل ئىشلارنىڭ ھۆكۈمىنى ئېلىپ يەرگە چۈشىدۇ. (قۇرئان 4،97:3)

• پەرىشتىلەر بولۇتلار ئارىسىغا چۈشىدۇ، جەننەتكە ئەپچىقىلىپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ، دۇنيادا ھەرخىل ئىشلار يۈز بېرىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:432)

## ئىسلامدىكى تۆت چوڭ پەرىشتە

• جەبرائىل (قۇرئان 2:98)- ئاللانىڭ ۋەھىلىرىنى مۇھەممەتكە يەتكۈزگەن پەرىشتە.

• مىكائىل (قۇرئان 2:98)- پۈتكۈل ئالەمنى نازارەت قىلىدىغان، ئىنسانلار دۇنياسىدىكى تەمىناتنى باشقۇرىدىغان پەرىشتە.

• ئەزرائىل - جاننى ئالىدىغان پەرىشتە. (قۇرئان 32:11)

• ئىسرافىل - يامغۇر ۋە شامالنى باشقۇرىدىغان پەرىشتە. زامان ئاخىر بولغاندا بۇرغا چېلىپ، بارلىق ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ، ئاللانىڭ سوراق قېلىشىغا تەييارلاندۇرىدۇ.

## پەرىشتىلەرنىڭ خىزمىتى

• مۇسۇلمانلار ياخشى ھالەتتە تۇرغاندا، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 16:32)

• پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالغاندا، ئۇلاردىن مۇنداق دەپ سورايدۇ: سىلەر ھايات ۋاقتىڭلاردا قانداق ئىدىڭلار؟ (قۇرئان 4:97)

• جاننى ئالغۇچى پەرىشتە ئاللانىڭ بۇيرىقى بىلەن، بىرىپ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولغاندا، مۇسادىن قاتتىق تاياق يەپ كىتىدۇ، ھەتتا كۆزىمۇ زەخمىلىنىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1339 ، 4:55:619)

• ئاللا ئاياللارنىڭ بالياتقۇسىغا بىر پەرىشتىنى ھاۋالە قېلىپ ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇ باليانقۇدىكى ئەھۋاللارنى ھەرۋاقىت ئاللاغا دوكلات قېلىپ تۇرىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:318)

• ئاللا بىر پەرىشتىنى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ھەركىتى، تۇرمۇشى، ئۆلىدىغان ۋاقتى، دىنى ئېتىقاتى قاتارلىقلارنى خاتىرلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، خاتىرلەنگەن مەزمۇنلار ئۇ بالىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاققا كىرىشىنى بەلگىلەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:430 ، 4:55:549،550 ، 8:77:593،594)

## باشقا پەرىشتىلەر

• ھارۇت ۋە مارۇت: قەدىمقى بابىلۇندىكى ئىككى پەرىشتە، كىشىلەرگە سېھىر-جادۇ قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، ئەر-خوتۇنلارنى ئاجراشتۇرۇۋىتىدۇ. (قۇرئان 2:102)

• ياخشى-يامان ئىشلارنى خاتىرلەيدىغان پەرىشتە: پەرىشتىلەر نازارەتچىلەردۇر،

ھۆرمەتكە لايىقتۇر، خاتىرلىگۈچىدۇر، ئۇلار ئادەملەرنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى بىلىدۇ. (قۇرئان 12 ـ 82:10)

● مۇھاپىزەتچى پەرىشتە: ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە پەرىشتىلەر بولىدۇ، ئۇلار ئاللانىڭ بۇيرىقى بىلەن شۇ ئادەمنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. (قۇرئان 11 :13)

● ئاللانىڭ تەختىنى كۆتىرىشكە مەسئۇل 8 پەرىشتە بار. (قۇرئان 17 :69)

● جەننەت مۇئەككىلى رىزۋان.

● دوزاق مۇئەككىلى مالىك ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى

○ مالىك دوزاقنى باشقۇرىدىغان پەرىشتە. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1386)

○ دوزاقتا تاشلانغانلار ئازاپتا نالە قىلىپ: «ھەي مالىك، ئىگەڭ جېنىمىزنى ئاخىرلاشتۇرسۇن» ـ دەيدۇ. ئۇ: «سىلەر بۇ يەردە مەڭگۈ تۇرىسىلەر» ـ دەيدۇ. (قۇرئان 77 :43)

○ دوزاقنى باشقۇرىدىغان جەمى 19 پەرىشتە بار. (قۇرئان 31،30 :74)

○ دوزاقتىكى ئوتتا جازالايدىغانلار ۋەھشى ۋە قاتتىققول پەرىشتىلەردۇر. (قۇرئان 66:6)

● مۇنكىر ـ نېكىر

○ كۆرۈنۈشى بەدبەشىر بولغان، كۆك كۆزلۈك قارا ئەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، قەبرىلەرگە كىرىپ ئۆلۈكلەرنى ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى ۋە دىنى ئېتىقاتىنى سورايدۇ. ئۆلگەنلەر «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت، دىنىمىز ئىسلام» دىسە، ئۇلار كىتىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، قاتتىق دۇمبالاپ، تاكى قىيامەت كۈنىگىچە قىينايدۇ.

○ ئىمانسىزلار ئۆلۈپ يەر ئاستىغا كۆمۈلگەندىن كيىن، پەرىشتىلەردىن تاياق يەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازىنى ئادەم ۋە جىنلاردىن باشقا ھەممە مەۋجۇدات ئاڭلىيالايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1374،2:1338)

● جەبرائىل

مۇھەممەت ۋە جەبرائىل:

○ مۇھەممەت بىر قېتىم ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، تۇنجى قېتىملىق ۋەھىنى قۇبۇل قىلىدۇ. جەبرائىل ئىسملىك بىر پەرىشتە ئۇنى ئۈچ قېتىم قاتتىق بوغۇپ قويىۋېتىدۇ. يەنە بىر شايى رەختنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ ئۈچ قېتىم ئوقۇشقا بويرۇيدۇ. ئۇمۇ ئۈچ قېتىم «ئوقۇيالمايمەن» دەيدۇ. ئۇ بۇ

ئىشتىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە، ۋەھىمە باسىدۇ، خۇددى ئۆزىگە جىن چاپلىشىپ قىيناۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆڭكۈردىن قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. كېيىن بىر كۈنى، مۇھەممەت مەككىنىڭ كوچىسىدا كېتىۋاتقاندا، تۇساتتىن ئاسماندىن كەلگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. ئۇ ھېلىقى ئۆڭكۈردە ئۇچرىغان مۇدھىش روھنىڭ مۇئەللەقتىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ھېلىقى روھ ئۇنىڭغا: «مەن پەرىشتە جەبرائىل بولىمەن، سەن بولساڭ ئاللانىڭ پەيغەمبىرى بولدۇڭ» دەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەت ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، ھەتتا قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ. بۇ ئىش مۇھەممەتكە خېلى ئۇزۇنغىچە ۋەھىمە ۋە ئازاپ ئېلىپ كېلىدۇ. ھەتتا ئاخىرى چىدىماي، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ ئۆزىنى پەسكە ئېتىۋالماقچىمۇ بولىدۇ. بىراق تاغ چوققىسىغا چىققاندا، ھېلىقى روھ يەنە ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ: «ھەي مۇھەممەت، سەن راستىنلا ئاللانىڭ پەيغەمبىرى بولدۇڭ» دەيدۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشۈپ، ئۆيىگە قايتىدۇ. ئايالى خەدىچە ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە مەدەت بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن ۋەھى كېلىشكە باشلايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:3،4 ، 4:55:605 ، 6:60:478 ، 8:73:233 ، 9:87:111)

○ مۇھەممەت جەبرائىلنىڭ ئىككى قېتىم چۈشكىنىنى كۆرىدۇ (قۇرئان 53:13)؛ ئۇنىڭ ئاسماندا تۇرغىنىنى كۆرىدۇ (قۇرئان 81:23)

○ ۋەھى مۇھەممەتكە چۈشكەندە، بەزىدە قوڭغۇراق ئاۋازىدەك ئاڭلىناتتى. بەزىدە جەبرائىل ئادەمنىڭ سىياقىدا ئۇنىڭغا سۆزلەيتى. ۋەھى توختىغاندا مۇھەممەتنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كېتەتتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:2 ، 4:54:438)

○ مۇھەممەت مەككىدىكى چاغدا، جەبرائىل چۈشۈپ ئۇنىڭ كۆكرىكىنى ئېچىپ، زەم زەم سۈيى بىلەن يۇيۇپ تازلايدۇ، ئاندىن ئەقىل بىلەن ئىمانىنى ئۇنىڭ ئىچىگە قويغاندىن كېيىن، كۆكرىكىنى ئەسلى ھالىتىگە ئەكەپ قويىدۇ. جەبرائىل ئۇنى بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1636)

○ كىشىلەرنىڭ جەبرائىلغا ئۆچمەنلىك قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ۋەھىلەرنى مۇھەممەتنىڭ قەلبىگە قويۇپ قويغانلىقىدىندۇر. (قۇرئان 2:97)

○ مۇھەممەتنىڭ دېيىشىچە، جەبرائىل ھەر يىلى بىر قېتىم ئۇنىڭغا قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ بېرىدىكەن. ئۇمۇ جەبرائىلغا بىر قېتىم قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ بېرىدىكەن. ئەمما ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئاخىرقى يىلى جەبرائىل ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئىككى قېتىم قىرائەت قىلىپ بەرگەنىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:46:819)

○ جەبرائىل مۇھەممەتكە يولىۇرۇق قىلىپ، قۇرەيزا يەھۇدىلىرىغا ھوجۇم قىلغۇزىدۇ، تەسلىم بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن 600 دىن 900 گىچە ئەرلەرنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى، باللىرى ۋە مال-مۈلكىنى بولاڭ-تالاڭ قىلغۇزۇپ، مۇسۇلمان ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:68 ، 5:59:362،443،444،447،448 )

○ جەبرائىل مۇھەممەتنىڭ قوغدىغۇچىسى. ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن پەرىشتىلەر مۇھەممەتنىڭ ياردەمچىلىرىدۇر. (قۇرئان 66:4)

○ مۇھەممەت جەبرائىل بىلەن سۆزلىششتىن بۇرۇن سامساق يىمەيتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:855)

جەبرائىلنىڭ تاشقى قىياپىتى:

○ ئائىشە جەبرائىلنى كۆز بىلەن كۆرەلمەيتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:440 ، 5:57:112 ، 8:73:220 ، 8:74:266)

○ جەبرائىلنىڭ تاشقى كۆرىنىش دىھىيەگە ئوخشايتى. (مۇھەممەتنىڭ دىھىيە ئىسىملىك قاملاشقان بىر دوستى باركەنتۇق) (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:56:827 ، 6:61:503)

○ ئۇنىڭ 600 قانىتى بار ئىدى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:458 ، 6:60:379)

جەبرائىل توغرىلىق باشقا خاتىرىلەر:

○ جەبرائىل يەھۇدىلارنىڭ دۈشمىنىدۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 6:60:7)

○ جەبرائىل مۇنداق دىگەن: ئەر-خوتۇن جىنسى مۇناسىۋەت قىلغاندا، ئەگەر ئەر باشتا بولدۇرۇۋەتسە، تۇغۇلغان بالا دادىسىغا ئوخشايدۇ؛ ئەگەر ئايال باشتا بولدۇرۇۋەتسە، تۇغۇلغان بالا ئاپىسىغا ئوخشايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:55:546 ، 5:58:275 ، 6:60:7)

○ قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئايال جەبرائىلنى شەيتانكەن دىگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1125)

○ جەبرائىل بولسا روھىلقۇددۇستۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 8:73:173)

● ھەر بىر پەرىشتىنىڭ ئىككى، ئۈچ ياكى تۆت قانىتى بولىدۇ. (قۇرئان 35:1 ، بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:71 ، 6:60:223،224)

## پەرىشتە ۋە ئىبادەت توغرىسىدا

• ھەر جۈمە كۈنى، پەرىشتىلەر مەسچىتلەرنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، مەسچىتكە كىلىدىغانلارنى ساقلايدۇ. ئىمام چىقىپ سۆزلەشكە باشلىغاندا، پەرىشتىلەر خاتىرلەيدىغان دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىمامنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:929 ، 4:54:433)؛ ئۇلار زىكرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:881)

• ناماز ئوقۇغاندا، ئالدىغا ۋە ئوڭ تەرىپىگە تۈكۈرسە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئاللا، ئوڭ تەرىپىدە پەرىشتە بار.
(بۇخارى ھەدىسلىرى 753 ,532 ,531 ,417-410 ,406 ,405 :1 )

• مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغان چاغدىكى «ئامىن» سۆزى بىلەن، پەرىشتىلەرنىڭ «ئامىن» سۆزى بىرلا ۋاقىتتا توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 782-780 :1 ، 4:54:446 ، 6:60:2 ، 8:75:411)

• ھەر كۈنى سەھەردە يەر يۈزىگە ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى «ئى رەببىم، سەدىقە بەرگەنلەرگە تولۇقلاپ بەرگەيسەن» دىسە، يەنە بىرسى «پىخسىقلارنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلىۋەتكەيسەن» دەپ تىلەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1442)

• ئەگەر بىر ئەر خوتۇنىغا جىنسى مۇناسىۋەت قىلايلى دىگەندە، خوتۇنى ئۇنىماي ئېرىنى خاپا قىلىپ قويسا، پەرىشتە ئۇ ئايالنى تاكى تاڭ ئاتقىچە قارغايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:460 ، 7:62:121)

• رەسساملىق قىلغانلار ئۇ دۇنياغا بارغاندا جازالىنىدۇ. ئىت ياكى رەسىم (ئادەم ۋە جانلىق ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى بار رەسىم) ئېسىلغان ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2105 ، 4:54:447-450, 539 ، 5:59:338 ، 7:72:833،844 )

• توخولارنىڭ چىلىلغىنى ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەرنى كۆرگەنلىكىدىندۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:522)

# مەسىھ ئېتىقاتىدىكى پەرىشتە

## پەرىشتە بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتى

• پەرىشتىلەر خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان مەۋجۇداتلار بولۇپ (كولوسىلىقلار 1:16)، يارىتىلغان چاغدا ياخشى ئىدى. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:31)

• خۇدا زىمىننى (يەرشارىنى) ياراتقاندا، پەرىشتىلەر بار بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭ گۇۋاھچىلىرىدۇر. (ئايۇپ پەيغەمبەر 7-4:38)

• پەرىشتىلەر خۇدانى مەدھىيىلەيدۇ، چۈنكى خۇدا ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر. (زەبۇر 148:2،5)

• پەرىشتىلەرمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇنى مەدھىيىلىشى كېرەك. (زەبۇر 103:20)

• پەرىشتىلەر خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ. (نەھەمىياھ 9:6)

• خۇدانىڭ تەختىنىڭ تۆت ئەتراپىدا مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان پەرىشتىلەر تۇرغان بولۇپ، خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە شان-شەرىپىنى نامايەن قىلىدۇ. (قانۇن شەرھى 33:2 ، نەھەمىياھ 9:6 ، زەبۇر 68:17 ، دانىيال 7:10 ، يەشايا 6:3 ، ئىبرانىلار 12:22 ، ۋەھىيلەر 5:11)

• پەرىشتىلەر خۇداغا سەمىمى، سادىق ۋە ئىتائەتمەندۇر. (ساموئىلI 29:9 ، ساموئىلII 14:14 ، 19:27)

• خۇدا پەرىشتىلەرگە ئىشەنچ قىلمايدۇ. (ئايۇپ 15:15)

• خۇدا ئۆزىگە خاس شان-شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇقنى ھېچكىمگە بەرمەيدۇ. (يەشايا 42:8)

## پەرىشتە بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ مۇناسىۋىتى

• پەرىشتىلەر ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق يارىتىلغان، ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان. (يۇھاننا 1:3 ، كولوسىلىقلار 1:16)

• ئەيسا مەسىھ پەرىشتىلەردىن خېلىلا يوقىرى تۇرىدۇ. (ئەفەسلىكلەر 1:21،22 ، ئىبرانىلار 1:4،5)

• پەرىشتىلەر ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. (مەتتا 4:11 ، ماركوس 1:13 ، لۇقا 22:43) ئۇ گېسىمانىيە بېغىدا ۋە باشقا جايلاردا، ئەگەر خالىغانلا بولسا، پەرىشتىلەرنى ئىشقا سېلىپ، كرىستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالالايتى. (مەتتا 26:53)

• ئەيسا مەسىھ تىرىلگەندە، بىر پەرىشتە ئۇنىڭ قەبرىسىنى توسۇپ تۇرغان يوغان تاشنى يۆتكىۋەتتىدۇ. (مەتتا 28:2)

• قىيامەت كۈنى ئەيسا مەسىھ نۇرغۇن پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ئاسماندىن چۈشىدۇ (مەتتا 16:27). ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن پەرىشتىلەر مۇقەددەس پەرىشتىلەر دەپ ئاتىلىدۇ (ماركوس 8:38). ئۇلار تاللانغان پەرىشتىلەردۇر (تىموتىI 5:21).

## پەرىشتىلەر ۋە ئادەملەر

● خۇدا ئادەمنى ياراتقاندا، ئۇنى پەرىشتىدىن ئاجىزراق قىلىپ ياراتقان. (زەبۇر 8:5)

● پەرىشتىلەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە ئىقتىدارى ئادەملەردىن يۇقىرى. (مەتتا 28:2 ، ئەلچىلەر 5:19 ، پېترۇسII 2:10،11)

## پەرىشتىلەر بىلەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

● پەرىشتىلەر خىزمەت قىلىدىغان روھلاردۇر، ئۇلار قۇتقۇزۇلماقچى بولغان ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. (ئىبرانىلار 1:14)

● پەرىشتىلەر خۇدادىن ئەيمىنىدىغان ئادەملەرنى قۇتقۇزىدۇ (زەبۇر 34:7). ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ ۋە قوغدايدۇ (زەبۇر 91:11،12)

● پەرىشتىلەر بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغان ھەققانى ئادەمنى ئۇ دۇنياغا ئاپىرىپ، ئىبراھىمنىڭ قوينىغا قويىدۇ. (لۇقا 16:22،23)

● مۇقەددەس مۇرتلار كەلگۈسىدە پەرىشتىلەرنى سوراققا تارتىدۇ. (كورىنتلىقلارI 6:3)

## پەرىشتىلەرنىڭ خىزمىتى

● پەرىشتىلەر خۇدانىڭ قانۇنىنى (تەۋرات قانۇنىنى) يەتكۈزىدۇ. (ئەلچىلەر 7:53 ، گالاتىيالىقلار 3:19 ، ئىبرانىلار 2:2)

● قىيامەتتىكى خۇدانىڭ سورىقىغا پەرىشتىلەرمۇ قاتنىشىدۇ. (ماركوس 8:38 ، 13:27 ، لۇقا 12:8،9 ، سالونىكالىقلارII 1:7،8 ، ۋەھىلەر 15،16)

● خۇدا ئىلاھى قۇدرىتى ئارقىلىق، ھاياتلىق ۋە ئىخلاسمەنلىكتە ئائىت بارلىق ئىشلارنى مەسىھيلەرگە ئاتا قىلىپ بولغان (پېترۇسII 1:3).

## پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى

● پەرىشتىلەر خوتۇن ئالمايدۇ ياكى ئەرگىمۇ تەگمەيدۇ. ئۇلار ئۆلمەيدۇ. (مەتتا 22:30 ، ماركوس 12:25 ، لۇقا 20:36)

● پەرىشتىلەر باتۇر ۋە جەڭگىۋار بولىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 32:1،2 ، يەشۇئا 5:13،15 ، پادىشاھلارI 22:19 ، پادىشاھلارII 6:17)

● پەرىشتىلەردە خۇدانىڭ شان ـ شەرىپى ۋە ئالىجاناپ خاراكتېرى بولىدۇ. (مەتتا 24:31 ، لۇقا 2:9، ئىبرانىلار 1:7)

● پەرىشتىلەرنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى «مۇقەددەس بولغۇچى» دۇر. (ئايۇپ 5:1 ، زەبۇر 89:5،7 ، دانىئال 8:13)

## پەرىشتىلەرنىڭ ئەقىل-پاراستى

● پەرىشتىلەر ئەقىل-پاراسەتلىك بولىدۇ. (سامۇئىلII 14:20)

● پەرىشتىلەر ئەيسا مەسىھنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. (مەتتا 24:36)

● پەرىشتىلەرمۇ خۇش خەۋەرنى (ئىنجىلنى) كۆرۈشكە ئىنتىزار. (پېتروسI 1:12)

● پەرىشتىلەرنىڭ سىياقى چاقماقتەك، كىيىمى خۇددى قاردەك ئاپپاق بولىدۇ. (مەتتا 28:2،3 ، لۇقا 2:9 ، ئەلچىلەر 1:10)

## پەرىشتىلەر قىلغان بەزى ئىشلار

● بۇرۇن يولۇچى ۋە مۇساپىرلارنى ئۆيىدە كۈتىۋالغانلار، بىلىپ بىلمەيلا پەرىشتىلەرنىمۇ كۈتىۋالغانىدى. (ئىبرانىلار 13:2)

● پەرىشتىلەر ئىبراھىم پەيغەمبەر بىلەن سۆزلەشكەن. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 8:1-16)

● پەرىشتىلەر سودومۇلۇقلارغا زەربە بەرگەن. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19)

● ياقۇپ ئەلەيھىسسالام چۈشىدە، ئاسمان بىلەن يەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئىگىز بىر شوتىدا، پەرىشتىلەرنىڭ چىقىپ-چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 28:12)

● پەرىشتىلەر ياقۇپنى قىيىنچىلىقلاردىن قۇتقۇزىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 48:16)

● مۇسا پەيغەمبەرگە سۆزلىگەن پەرىشتە چۆل-جەزىرىلەردە ۋە سىناي تېغىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. (ئەلچىلەر 7:37،38)

● بىلئامنىڭ ئېشىكى يولنى توسۇپ تۇرغان پەرىشتىنى كۆرىدۇ. ئەمما ئاچكۆز بىلئام ئۇنى باشتا كۆرەلمەيدۇ. (نوپۇس سانى 35-22:21 )

● پەرىشتە خۇدانىڭ بۇيرىقى بىلەن شەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. (سامۇئىلII 24:16،17)

● پەرىشتە خۇدانىڭ خىزمەتچىسىگە ياردەم قىلىدۇ. (پادىشاھلارI 7-19:5)

● پەرىشتە خۇدانىڭ بۇيرىقى بىلەن، ئىسرائىللارنىڭ ھەربى قوشۇنىغا ياردەم

بىرىپ، ئاسسۇرىيەلىكلەرنىڭ 185 مىڭ ئەسكىرىنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ. (پادىشاھلار II 19:35)

● پەرىشتە ئورەكتىكى شىرنىڭ ئاغزىنى بۇغۇپ، ئۇنىڭ دانىئال پەيغەمبەرگە زىيان يەتكۈزىشىنى توسايدۇ. (دانىئال 6:22)

● بىر پەرىشتە ئىزەكىئال پەيغەمبەرنى يېرۇسالىمغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭغا غايىبانە مەنزىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىزاكىئال كەلگۈسىدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى كۆرىدۇ. (ئىزەكىئال 40ـ44)

● پەرىشتە ئىسرائىللار ئۈچۈن خۇدادىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەيدۇ. (زاكارىيا 1:12)

● پەرىشتە خۇداغا ۋاكالىتەن ئادەملەرگە چۈشەنچە بېرىدۇ. (زاكارىيا 1ـ6)

● پەرىشتىلەر گۇناھىغا تۆۋە قىلغان ئادەملەر ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ. (لۇقا 15:10)

● پەرىشتە ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ ئەچىقىدۇ. (ئەلچىلەر 5:19)

● پەرىشتە كورنىلىغا كۆرىنىپ، ئۇنىڭغا پېتروسنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەل دەيدۇ. (ئەلچىلەر 10:3ـ6)

● پەرىشتە پېتروسنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ ئەچىقىدۇ. (ئەلچىلەر 12:7ـ10)

● قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇن، تۆت پەرىشتە زىمىننىڭ تۆت تەرىپىدە تۇرۇپ، تۆت تەرەپتىن كىلىدىغان شامالنى توسايدۇ، ئۇنىڭ يەر، دېڭىز ۋە ئورمانلىقلارغا تېگىشىنى چەكلەيدۇ. (ۋەھىيلەر 7:1)

● قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇن، پەرىشتىلەر چوڭ مۇھىم ئىشلارنى جاكارلايدۇ. (ۋەھىيلەر 14:6ـ20)

● باشقا ئەللەرنىڭمۇ قوغدىغۇچى پەرىشتىلىرى بولىدۇ. (دانىئال 10:20)

● ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ستېفاننىڭ چىرايى يورۇپ، پەرىشتىنىڭ شانلىق نۇرى ئەكس ئىتىدۇ. (ئەلچىلەر 6:15)

## مۇقەددەس كىتاپلاردا ئىسمى چىققان بەزى پەرىشتىلەر

### جەبرائىل:

● ئۇ دانىئال پەيغەمبەرگە نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەندۈرىدۇ. (دانىئال 8:16ـ18 ، 9:20ـ22)

● ئۇ زاكارىياغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ بىر باللىق بولىدىغانلىقىنى، باللىنىڭ ئىسمى يەھيا

دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (لۇقا 20ـ1:11)

● ئۇ مەريەمگە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ بىر بالىلىق بولىدىغانلىقىنى، بالىنىڭ ئىسمىنىڭ ئەيسا دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (لۇقا 37ـ1:26، مەتتا 1،2 ، ئەلچىلەر 8:26 ، 27:23)

● ئۇ يۈسۈپنىڭ چۈشىدە ئايان بولۇپ، مەريەم ھامىلدار بولغان بالىنىڭ مۇقەددەس روھتىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. (مەتتا 23ـ1:20)

## مىكائىل :

● ئۇ ئىسرائىللارنىڭ قوغدىغۇچىسى، پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقى. ئۇنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپىسى بار. (دانىيال 10:13،21 ، 12:1 ، يەھۇدا 9)

● ئاسماندا مىكائىل پەرىشتىلىرىنى باشلاپ، شەيتان بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. (ۋەھىيلەر 12:7)

## كېرۇب

● خۇدا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئېرەمباغدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئېرەمباغنىڭ شەرقىگە كېرۇبنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ھاياتلىق دەرىخىنى قوغداتقۇزىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 3:24)

● ئىزەكىئال پەيغەمبەر كېرۇبنىڭ سىياقىنى كۆرىدۇ. (ئىزەكىئال 10)

## ساراف

● مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئۈستىدە يەشايا پەيغەمبەرگە كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئالتە قانىتى بار ئىدى. (يەشايا 6:2)

## ئىنجىلدا پەرىشتىلەر توغرىلىق بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش

● پەرىشتىلەرگە سەجدە قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى پەرىشتىلەرمۇ خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان. ئۇلار خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. (كولوسىلىقلار 2:18 ، ۋەھىيلەر 19:10 ، 22:8،9)

● ئەگەر بىزدە پەرىشتىلەرنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان ئىقتىدار بولغان تەغدىردىمۇ، بىراق مېھىر ـ مۇھەببىتىمىز بولمىسا، خۇددى قۇرۇق ئاۋاز چىقىرىدىغان داقا ـ دۇمباققا ئوخشاپ قالىمىز. (كورىنتلىقلارI 13:1)

● ئەگەر كىيىن ئاسماندىن كەلگەن بىرەر پەرىشتىنىڭ يەتكۈزگەن ۋەھىسى ئەيسا

مەسىھ ئەلچىلىرى تارقاتقان خۇش خەۋەرگە ئوخشىمسا، ئۇ پەرىشتە قارغىشقا لايىقتۇر. (گالاتىيالىقلار 1:8)

## چۈشكۈنلەشكەن پەرىشتە

• شەيتان (ئىبلىس) دۇنيانى ئازدۇرغۇچىدۇر. ئۇ ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ قىلماقچى بولۇپ ياراتقۇچىسىغا ئاسىيلىق قىلغاچقا، ئەرشتىن زېمىنغا تاشلىنىدۇ. ئۇ ئاسماندىكى ئۈچتىن بىر قىسىم پەرىشتىنى ئازدۇرۇپ بىرگە ئەيىپلىنىشىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 6:4 ، ئايۇپ 4:18 ، يەشايا 15-12:14 ، ئىزەكىيال 29-12:28 ، مەتتا 25:41 ، رىملىقلار 8:38 ، كورىنتلىقلارI 11:10 ، پېترۇسII 2:4 ، يەھۇدا 6 ، ۋەھىيلەر 12:4،9)

• شەيتاننىڭ مەقسىتى ئوغۇرلاش، بۇلاش ۋە بۇزۇشتۇر. (يۇھاننا 10:10)

• شەيتاننىڭ خىزمىتى ئەسلىدە خۇدانىڭ ئالدىدا ئىنسانلارنى ئەيىپلەش ئىدى (زاكارىيا 3:1 ، ۋەھىيلەر 12:10)؛ كېيىن ئۇ زوراۋانلىق، خورلاش ۋە ئازدۇرۇشقا تايىنىپ، ھەممە يەرگە چېپىپ، يەۋەتكىلى بولىدىغان ئادەملەرنى ئىزدەيدۇ. (پېترۇسI 5:8)

• شەيتان نۇرلۇق پەرىشتىنىڭ سىياقىغا كىرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىمۇ مېھرىبان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم قىلمىشلىرىغا لايىق بولىدۇ. (كورىنتلىقلارII 11:14،15)

• دۇنيادا، بىز كۆرەلمەيدىغان «قارا روھلار» ھەرخىل يامان ئىشلارنى كونترول قىلىپ، ئىنسانلار ۋە جەمىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. (ئەفەسلىكلەر 2:2 ، 6:12 ، كولوسىلىقلار 2:14)

• ئاسماندا مىكائىل ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى بىلەن شەيتان ۋە ئۇنىڭ جىنلىرى جەڭ قىلىدۇ. (ۋەھىيلەر 12:7)

• قىيامەتتىكى سوراقتا، ئەيسا مەسىھ شەيتان ۋە ئۇنىڭ جىنلىرىنى دوزاقتىكى مەڭگۈلۈك ئوتقا تاشلايدۇ. (مەتتا 25:41 ، ۋەھىيلەر 10-20:1 )

## پەرىشتە ۋە شەيتان قانداق پەيدا بولغان؟

• مەيلى پەرىشتە ياكى شەيتان بولسۇن، ھەممىسى خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان. خۇدا ئۇلارنى يەرشارى ۋە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن بارلىققا كەلتۈرگەن. شەيتان ئەسلىدە پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ، كېيىن خۇداغا ئاسىيلىق قىلغان. شۇ چاغدا بىر قىسىم پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن. شۇنىڭ بىلەن شەيتان (خۇداغا قارشى تۇرغۇچى دېگەن مەنىدە) ۋە جىنلار (يامان روھلار) بارلىققا كەلگەن.

• پەرىشتىلەر دىگىنىمىز ئومومەن خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان ۋە ئىنسانلارغا ياردەم بېرىدىغان ياخشى پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شەيتان بولسا خۇداغا قارشى تۇرىدىغان، ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان يامان پەرىشتىدۇر.

• شەيتان دۇنيادىكى يامانلىقلارنى كونترول قىلىپ تۇرغان رەزىل سېستىمىنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىۋىشىدۇر. ئۇ گۇناھكار ئادەملەرنى ئىدارە قىلىدۇ. ئەمما ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلغان ئادەملەر شەيتاننىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، خۇداغا مەنسۇپ بولغان بولىدۇ. گەرچە شەيتاندا ئۆزىگە چۇشلۇق قۇدرەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قۇدرىتى يەنىلا چەكلىك بولۇپ، هامان خۇدانىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ.